# شۈبھىسىزكى، ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى، بىر كىشىنىڭ دادىسى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىدۇر

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇنىڭغا ئەئرابىلاردىن بولغان بىر كىشى مەككە يولىدا ئۇچراشتى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، ئۇنى ئۆزى مىنىۋاتقان ئېشەككە مىندۈرۈپ قويدى ۋە بېشىدىكى سەللىسىنى ئۇنىڭغا بەردى، ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇللاھقا: ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن!، ئۇ ئەئرابىلار ئازراق نەرسىگە رازى بولىدىغان كىشىلەر ئىدى، دېدۇق، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: ئۇنىڭ دادىسى دادام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دوستى ئىدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى بىر كىشىنىڭ ئاتىسى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىدۇر»، ئىبنى دىنارنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر توغرۇلۇق قىلغان رىۋايىتىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مەككىگە چىقىپ قالسا تۆگە مىنىشتىن زېرىككەندە مىنىپ راھەتلىنىدىغان ئېشىكى ۋە بېشىغا ئورىۋالىدىغان سەللىسى بار ئىدى، بىر كۈنى ئۇ ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتقاندا بىر ئەئرابى ئۇچرىشىپ قالدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: سەن پالانچىنىڭ ئوغلى پالانى ئەمەسمۇ؟ دېدى، ئەئرابى: «شۇنداق» دېدى، ئابدۇللاھ ئېشەكنى ۋە سەللىنى ئۇنىڭغا بېرىپ: «ئېشەكنى مىنگىن ۋە بۇ سەللىنى ئورىغىن» دېدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بەزى ھەمراھلىرى: ئاللاھ سېنى مەغپىرەت قىلسۇن! ، سەن بۇ ئەئرابىغا ئۆزۈڭ مىنىپ راھەتلىنىدىغان ئېشەكنى ۋە بېشىڭغا ئورايدىغان سەللىنى بېرىۋەتتىڭغۇ؟ دېگەندە، ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقىقەتەن ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى بىر كىشىنىڭ ئاتىسىدىن كېيىن ئاتىسى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئاتىسى ئاتام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستى ئىدى، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككە تەرەپكە چىقىپ تۆگە مىنىپ زېرىكىپ قالغاندا مىنىپ راھەتلىنىدىغان ئېشىكىنى بىرگە ئېلىپ چىقاتتى، ئېشەككە مىنىپ راھەتلىنىپ بولۇپ تۆگىسىگە مىنەتتى، بىر كۈنى ئۇ يولدا بىر ئەئرابىيغا ئۇچراشتى، ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭدىن: «سەن پالانچىنىڭ ئوغلى پالانىمۇ؟ » دەپ سورىدى، ئەئرابى: «ھەئە» دېدى، ئىبنى ئۆمەر ئېشەكتىن چۈشۈپ: «بۇ ئېشەككە مىنگىن» دېدى ۋە بېشىغا ئورايدىغان سەللىسىنىمۇ بېرىپ: «بۇ سەللىنى ئورىغىن» دېدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بەزى ھەمراھلىرى: ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن ياكى ئاللاھ سېنى مەغپىرەت قىلسۇن! ئۇلار دېگەن ئەئرابىلار، ئۇنچە قىلمىساڭمۇ رازى بولىدۇ، دېدى، يەنى: «سەن ئېشەكتىن چۈشۈپ پىيادە كېتىۋاتىسەن، بېشىڭغا ئورايدىغان سەللەڭنىمۇ بېرىۋەتتىڭ، ئەئرابى دېگەن بۇنىڭدىنمۇ ئازراق نەرسە بەرسەڭمۇ رازى بولۇپ كېتەتتى» دېمەكچى ئىدى، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: «ھەقىقەتەن ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى بىر كىشىنىڭ ئاتىسى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىدۇر» دېگەن، يەنى: ھەقىقەتەن ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى بىر كىشىنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسى ياكى يېقىن ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ۋاپات بولسا ئۇ ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ، يەنى پەقەت ئۇنىڭ دوستىغىلا ئەمەس بەلكى دوستىنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ، ئىبنى ئۆمەر: «بۇنىڭ ئاتىسى ئاتام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستى ئىدى» دېگەن، ئەئرابىنىڭ دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستى بولغاچقا دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستلۇقىنى قەدىرلەپ شۇنداق قىلغان ئىدى

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee